لەردەن قوتولماق ئۇچۇن ياش شاعر ۋە يازۇچيلارد-
مزغا يونەلب، ئولارنك بالالار ئەدەبيياتى يارانش
ئۇچۇن غەيرەتلەرىنى، قەلەم تېبرەتشلەرىنى سورايمز.

---

## بر ۋە ئيككنچى باسقچ مەكتەبلەردە مۇسقا (چالغۇ ــ ئەشۇلە) دەرسلەرى

مەكتەبلەردە سەنعەت دەرسىنك يەنە مۇهم بر
بولەگى چالغۇ ــ ئەشولەدر. بۇ دەرسنىدە مەكتەب پروغ-
رامماسىغا كرگزشدەن مەقسەد بالالاردان ئاتاقلى
ئاشولەچى ۋە خانەندەلەر يېتكزش ئيمەسدر. بەلكى
بالالارغا مۇسقە توغرىسىدا مەعلۇمات بېرش، ئو-
لەرنى سەنعەتنك مۇهم بر رۇكنى بولغان موسقە
بىلەن تانشدرشدر.

ئەشولە (خور) دەرسلەرى برنچى ۋە ئككنچى
باسقچ مەكتەبلەرىنك بارچا سنفلەرىگە مەجبوريدر.
مۇندەن باشقا ياخشى ئاۋۇشى بار، هەۋەسكارلەردەن
هەم ئەشولە تودەلەرى تۇزىلەدى. بۇ تۇدەلەردە هەفتەدە
بر ــ ئككى ساعەت مەشغولييەت بولادى. بۇندە
ئارالاشغوچى كمسەلەر باشقا ئوقۇغوچيلارغا خور
ئشلەريدە رەهبەرلك ۋەزيفەسىنى ئوتەيديلەر.

مەكتەبدە چالغۇ ــ ئەشولە دەرسلەريدە قويىداغى
نۇقتەلەرگە ئەهەمييەت بېرش كيرەك:

I ــ ئوقوتىلاديغان ئەشولەلەر بالالارنىك روحيغا
ماس نيرسەلەر بولسن. بۇ ئەشولەلەرنىك مەحەللى
تورمۇشدان ئالنغان حەياتى پارچالار بولىشى شەرتدر.
(ياشى تولماغان ئوقوغوچيلارغا عشق ۋە بەدبنانە
شيعرلەر ئوقوتۇش جۇدە زەرەرلىدر.)

II ــ خورلارداغى عۇمۇمى قاعدەلەرنى ئۇرگەتش.

III ــ ئيككنچى باسقچ مەكتەبلەردە چالغى ئەشولە-
لەر توغرىسىدا فكر بۇرگزش، مۇسقا تەئريخى،
ئۇنىڭ مەۋقىعى، خەلق ئەشولەلەرى، ئەدەبى ئەشولەلەر،
قشلاق شەهەر كۇيلەرى توغرىسىدا مەعلومات بېرش
لازمدر.

چالغۇ مەسئەلەسى بولسا بزدە مۇسقامزدە مۇعە-
ييەن قاعدەلەر، نوتالار مەۋجۇد بولماغاندان بر

مۇنچە يامان حالدا تۇرادى. بۇ مەسئەلەنى يېشمەك بزدە ئاۋرۇپالىلاردا بولغانديك يەڭگل ئېمەسدر. بۇ هەم بزنڭ مۇسىقامزنڭ مۇكەممەل، ئىنتيزامگە سالنغان بولماغانيداندر. شۇنڭ ئۇچۇن بۇ مەسئەلەنى مەكتەبلەردە تەتبيق ئېتش جۇدە قيين بر ئش بولوب تۇرماقدادر.

چالغۇ ۋە ئەشۇلە دەرسلەرىنى ئالب بارش ئۇچۇن دە بزدە هيچ اندای بر قوللانما يوقدر. مەكتەبلەرىمزدە چالغۇ-ئەشولە دەرسلەرى بېرش ئۇچۇن بزدە تەجرىبەلك رەهبەرلەر هەم يوقدر. نيچە ۋيلايەتلەرىمزدە بار مۇسىقا مەكتەبلەرىدەن چىقادىغان ئوقۇغوچيلار هەۋەسكار تەرىقەسىدە چىقىب كيتەديلەر. حازردە مىللى مۇسىقا مەكتەبلەرىمزنى فەننى ئەساسلارغا قۇرشقا ئورۇنماق ۋە ئولاردان چىقادىغان كىمسەلەرنى ئيحتىياجىمزنى تولدىرادىغان قىلىب يەتكزمەك لازمدر.

مەكتەبلەردە چالغۇ-ئەشولە دەرسلەرىنى ئالب بارش ئۇچۇن تەجرىبەلى مۇعەللىملەر يېتشگۇنچە ئيسكى ئەشولەچى ۋە چالغوچيلاردان فايدالانش مۇمكندر. ئيسكى چالغوچى ۋە ئەشولەچيلەرىمز هەم جۇدە ئاز بولغانلارىدان بولار بيلەن هەممەكتەبلەرنى تەشكيل ئېتش قيىندر.

شۇنڭ ئۇچۇن مىللى مۇسىقاچى-ئەشولەچيلەردەن بر نيچە تۇركۇم سەييار چالغۇ، ئەشولە رەهبەرلەرى ئويوشدرب مەكتەبلەرنى تەئمين قيلماق لازمدر. (تاشكېنتدە شوندەی بر تۇركۇم بار بولسادا، نەئەسسۇفكى، ئوندەن فەقەت بر-ئككى مەكتەبگنە فايدالانادى.) بۇ سەييار هەيئەتلەردەن باشقا نەمونە ئش مەكتەبلەرى ئالدىدا مىللى موسيقا تودەلەرىدە ئويۇشدرش لازم.

قسقاسى، مەكتەبلەرىمزدە سەنعەت دەرسلەرىدە هەر جيهەتدەن نۇقسانلار بار. بۇ فەقەت ھەلى بزدە تەجرىبەلى كىمسەلەر يوقلغىدان كيلب چيقادى. مەعارف قوميسەرلغينڭ شۇ ئحتياجنى نەزەرگە ئالب سەنعەت دەرسلەرىنى باجارادىغان مۇرەببيلەر تاپيارلاش چارەلەرىگە كرشمەگى لازمدر. بۇندەن باشقا گوزەل سەنعەت دەرسلەرىگە قوللانمالار تۇزش هەم جۇدە زەرۇردر. بۇ مەكتەبلەرىمزنڭ كەتتە ئيحتياجلارىدان بريدر،

# كومپلېكس ئۇسولى بيلەن ئوقۇتشدا تەجرىبەلەر.

(نەمۇنە «ئەلمەئى» مەكتەبى ماتيرياللارىدان)

دەرسلەرنى كومپلېكس تەرتيبى-ئۇسۇلى بيلەن ئوقوتش مەسئەلەسى حازر عۇمۇمى بر تۇس ئالب بارادى. بۇ ئۇسۇل تاشكېنتنڭ ئاۋرۇپالى مەكتەبلەرىدە 24 نچى يلدەن، تاشكېنتنڭ ئيسكى شەهەر مەكتەبلەرىدە ئيسە شۇ 26 - 27 نچى ئوقۇش يلىدەن باشلاب برنچى سنفلەردە-ئەساسەن قەبۇل ئېتلگەن. بۇ ئۇسۇلنڭ بەعزى بر قشلاق مەكتەبلەرى ئۇچۇن هەم قەبۇل ئېتلگەنى كورلمەكدەدر.

ئوزبېكستان مەعارف قوميسەرلغى تامانىدان تاشكېنتدە ئاچلغان ئوزبېك نەمونە-تەجرىبە ئش مەكتەبى-«ئەلمەئى»نڭ برنچى باسقچ سنفلەرىدە (4 سنف تەمام بولغۇنچا) شۇل كومپلېكس ئۇسۇلى بيلەن ئوقۇتش دەۋام ئېتەدى.

مەكتەب، تەجرىبە مەكتەبى بولغانيدان، ئۇنڭ ئوقۇتقۇچيلارى ئوزلەرىنڭ كومپلېكس تەرتيبىنى عەمەلگە ئاشيرش يولىدا قيلنغان تەجرىبەلەرىنى باشقا ئورتاقلار بيلەن ئورتاقلاشماق ۋە كامپلېكس بيلەن ئوقوتشنڭ تېخنيكەسى توغرىسىدا مۇباحەسە ئاچماق نييەتى بيلەن ئوز تەجرىبەلەرىنى مەتبۇعات ئارقالى مەيدانغا چيقارماقچى بولديلار.

كومپلېكس توغرىسىدا مەتبۇعاتدە نەزەرى گەپلەر ئەنچە گنە بولوب ئوتگەن بولسا هەم، ئونى حەياتگە تەتبيق ئېتش توغرىسىدا عەمەلى ئشلەر كۆرسەتلگەن ئېمەس.

ۋە ئوقوتقۇچيلار عاممەسى كومپلېكس سيستيمەسىنى تەتبيق قيلش ئۇچۇن قەناعەتلەنرلك دەرەجەدە تانشدرلغان ئېمەسدر. مەنە شۇنى نەزەرگە ئالب، بز جورنالنڭ حەجمى مۇساعيد بولغانيچا هەر ساندا، مەكتەبىمزنڭ ئەلاحيدە سنفلەرىدە كومپلېكس ئوسولى بيلەن دەرسلەرنى ئالب بارش نەتيجەسىدە قولغا كرگەن تەجرىبەلەرنى يازماقچى بولامز.

## بز كومپلېكس‌نى قانداى تۇشينەمز؟

فەنلەر ئيككى ئەساسى تەرتيبـدە (سيستيمەدە) تۇزيلگەن بولاديلار:

برنچى، ئايرم فەن تەرتيبى (سيستيمەسى) - بۇ سيستيمەدە فەننى حەقيقەتلەرنڭ بر خيلدە بولغانلارى برگە ييغيلب بر فەن ئسمى ئالاديلار (حيساب، جۇغ‌رافييا، تەبيعييات فەنلەرى ديك).

ئيككنچى، سيستيمە بدلەن بولسا - تۇرمۇشدا بولغان بر تۇزولۇش تيكشريلەدى. هەر تۇرلى فەننى حەقيـقەتلەر شۇ تۇزۇلوشگە يغنالغانـلارـيدان فەنلەر هەم شۇنگە باغلانب ئوقوتيلاديلار. ئيككنچى تۇرلى قيلب ئەيتكەندە، كومپلېكس تەرتيبى مۇرەككەب تەرتيب ديگەن گەپ بولادى. هەر مۇرەككەب نيـرسە عاددى عۇنسۇرلەردەن تەركيب تاپغانيدان ئۇل عاددى عۇنـسۇرلەرگە تەحليل قيلينادى ۋە بۇلاردا ئوزنەۋبەتلەريدە يەنە عادديـراق عـۇنسۇر (مادده) لەرگە بولينەديلەر. شۇل ئەساسدە عيلمى مەركەز تامانيدان برنچى باسقچ مەكتەبلەرنڭ I ۋە II نچى سنفلەرى ئۇچۇن (بۇتۇن يـل دەۋامى ئۇچۇن) ئالنغان «كشيلەرنـڭ ميحنەت تەشكيلاتلارى» ديگەن مەۋزوع يللك، ئايلق، هەفتەلك، ساعەتلك مەۋزوعچەلەرگە بولينەديلەر. مەۋزوعلەرنڭ ئيك مەيدەسى هەم تۇزۇلۇشيـنڭ بـر قسمى بولوب ئوز ئچيگە تۇرلى فەننى حەقيقەتلەرنى يققان بولادى.

### كومپلېكس ئۇچۇن ئالنغان مەۋزوعلەرنى قاتارلارغا بولش.

1) يۇقاريدا ئەيتگەنيمزچە برنچى قاتارداغى مەۋزوع كشيلەرنڭ ميحنەت تەشكيلاتلارى بولوب، مەكتەبنڭ بۇتۇن يل دەۋاميدە ئوتيلەديغان مەسئەلەلەربنى ئوز ئچيگە ئالغان بولادى.

2) يۇقاريداغى مەۋزوع هەر سنفنڭ دەرەجەسيگە قاراب ئوزيگە مەخسۇس يللك بر مەۋزوعگە بولينەدى. مەسەلەن: برنچى سنف «عائيلە ۋە مەكتەب» ديگەن مەۋزوعنى ئشلەيدى. 2 نچى سنف «ئادام دائيرەسيدەگى تۇرمۇش» مەۋزوعيدە ئش ئالب بارادى. باشقا سنفلەر هەم شۇنگە ئوخشاش...

3) هەر سنفنڭ يللك مەۋزوعى بر نيچە بولەككە، (ئورتا ميساب بيلەن ئۇچ ئايلق) مەۋزوعلەرگە بولينەدى. بۇ مەۋزوعنڭ قانچا ۋاقتغا چوزيلشى ئوقـۇش يلينڭ ئۇزۇنلغى ۋە مەكتەبنڭ باشقا شەرائيتيگە قاراب بلـگيلەنەدى. («ئەلمەئى» مەكتەبيدە بۇ ئوچۇنچى مەۋزوع بر ئايلك ئالنغان).

4) بر ئايلق مەۋزوعلەردەن هەفتەلك مەۋزوعلەر ئالـنادى، بزنڭ مەكتەبيمـزدە ئسە ئەساسەن هەفتەلك مەۋزوعلەر ئورنيغا ئۇچكۇنلك مەۋزوعلەر ئالينادى. فەننى سەياهەت، ئش ـ ميحنـەت ۋە باشقا شۇنـداى ئشلەر ئۇچۇن ئۇچكۇنلك مەۋزوعگە كيرەك بولغانيچا ۋاقت قوشيلادى. بۇندەى قوشمچا ئشلەر بولماغاندا هەفتەدە ئيكى مەۋزو ع ئوتيلەدى.

5) كۇنلك ئش - هەرمۇرەككەب مەۋزوعنى تەبيعيات ئجتماعييات ۋە ميحنەت جيهەتيدەن تيگشـرش كيرەك بولغانيدان ئۇچكۇنلك مەۋزوع، ئۇچكۇنلك ئش ئسمى بيلەن تيگشريلەدى. شۇ ئـۇچ كۇننـڭ بـرنچى كۇنيدە ميحنەت، ئيكنچى كۇنيدە تەبيعييات، ئۇچنچى كۇنيدە بولسا ميحنەت تامانلاريدان تيگشريلەدى. مەۋزوعلەرنڭ كيلشيگە قاراب تەبيعييات، ئجتمـاعييات ۋە ميحنەت تامانيدان تيگشرش ئۇچۇن بيلـگيلەنگەن كۇنلەرنى ئوزگەرتب بولادى. بر كۇنلك ئش (مەۋزو ع) نڭ هەم بر ساعەتلك، بر دەرسلك كچكنە مەۋزوعلەرگە بولينشى كيرەك. ميسال ئۇچۇن مەكتەبنـڭ بـرنچى سنفينڭ ئوقۇش يلى باشيداغى بر كۇنلـك ئش تەقسيمانينى كورسەتەمز.

6) بر كۇنلك ئش هەم كۇنلك ئش تەرتيبى: برنچى سنفدەگى بالالارنڭ تەعليم - تەربييە نۇقتەئى نەزەريدەن برمەسئەلە ئوستيدە 15 - 20 دەقيقە ديققەت بيلەن فيكر يـۇرگزگەنلەرينى ئعتبارغا ئالب ئـۇچ ساعەتلك ئش ۋاقتى قۇيداغيچا بولينەدى.

1 ـ دەرس مۇزاكەرە 15 دەقيقە
2 ـ » » ئوقۇتۇش » »
3 ـ » » يازش » »
4 ـ » » ئويون ئيستيراحەت »
5 ـ » » ئوقۇش دەرسى دەۋامى »
6 ـ » » يازش » »
7 ـ » مەۋزوعنى رەسم ۋە هەيكەل بيلەن جانلاندرش » »
8 ـ » ئويۇن ۋە ئستراحەت » »
9 ـ » نيرسە ئولچەش (سەتح هەم ۋاقت)

10 – دەرس بازما حيساب 15 دەقيقە
11 – " حسابىغا دائىر دەرسنى جانلاندىرش
12 – "ئش باكى سوز بيلەن نەتيجە"

بۇ فاريدا كورسەتلگەن بيدىك برنچى سنفلەردە دەرس 12 گە بولنسە، ئيككنچى سنفلەردە ھەر دەرس 30 دەقيقەدەن حيسابلانب 6 گە بولينەدى (15 دەقيقە تەنەففۇسدەن باشقا) 3 ۋە 4 نچى سنفلەردە ئيسە دەرس ۋاقتى 40 دەقيقەدەن حيسابلانب ھەر كۈن 4 دەرس بولادى.

## دەرسلەرنڭ باريشى.

1 – مۇزاكەرە دەرسى: بۇ دەرس تۈرلى مەۋزوعلەردە بولادى. بەعزەن مەۋزوعلەر بيلەن تانشدرش بەعزەن تەبيعى، ئجتماعى مەسئەلەلەرنى تۇشۇندرش ۋە بالانڭ تۇشۇنگەنينى ئاڭلاش ئۈچۈن يۈرگيزيلەدى. بۇندەن باشقا بۇ دەرس بالانى سوزلەشگە ھەم ئورگەنەدى.

2 – ئوقۇش دەرسى: بالانى ينگل، ئاچق، جانلى ئوقوتش ۋە تۇشۇندرب ئوقوتش مەقسەدى بيلەن ئشلەنسە ھەم كوبراق كومپلېكس مەۋزوعينى ئاچش ئۈچۈن ئشلەنەدى.

3 – يازش دەرسى: تۈزۈك، چرايلى يازش، باددان يازا ئالش مەقسەدلەرى بيلەن يۈرگيزيلەدى ۋە كومپلېكس مەۋزوعينى مەحكەملەشگە خزمەت قيلادى.

4 – ئولچاۋ دەرسى: بر نېرسەنى ئولچەش تېخنيكەسينى تۇشۇنش، حيسابنى تۇرمۇش بيلەن باغلاش ئۈچۈن ئشلەنەدى. بۇ دەرس كومپلېكس مەۋزوعيدەگى مەسئەلەلەرنى حەل قيلشغا، بيشب بېرشگە جۇدە كەتتە ياردام قيلادى.

5 – يازما حساب: حيساب عەمەللەرينڭ تېخنيكەسى بيلەن تانشماق، ئۇلەر ئۈستيدە مەلەكە حاصل قيلش مەقسەدى بيلەن ئشلەنەدى. مەۋزوعلەرنى ئاچش ئۈچۈن بۇ جۇدە كېرەكدر.

– ئمللىۋستراتسيية: (جانلاندرش – گەۋدەلەندرش.) مەۋزوعلەرنى تۇشۇندرش ۋە ئالغان مەعلومات ۋە بلملەرينى باللادان كورسەتدرە ئالش مەقسەدى بيلەن يۈرگيزيلەدى.

7 – ئويۇن ۋە ئىستراحەت ئشلەرى: بۇلار ھەم ئەساسى مەۋزوعگە باغلانب بالانى تەن تەربيەسى بيلەن مەشغول قيلش ئۈچۈن ئشلەنەدى. بەعزەن ئويۇنلار كومپلېكس مەۋزوعلەرينى ئيشمەككە ھەم ياردام قيلاديلار.

بۇ دەرسلەرنڭ ھەر بريدە بالانڭ ھەۋەسينى ئارتدرش ۋە تېگشلى مەسئەلەگە ديققەتينى جەلب قيلش ئۈچۈن دەرس ئۇسۇللەرينى تۈرليلەشدرش ۋە ھەر بر دەرسنى ئالب بارغاندا قۇيىداغى ئەساسلارنى خاتردا تۇتش كېرەك.

1 – مەۋزوعنى توشۇندرش، ئۇنى خاتردا ساقلاتش ۋە ئشلەتە ئالش،

– رەسمى مەعلۇمات ئۈستيدە مەلەكە حاصل قيلدرش؛

3 – حيساب عەمەللەرى (جەمع، تەرح، زەرب ۋە تەقسيم) ئۈستيدە ئشلەش، ئولەرنڭ تېخنيكە ۋە ئالب بارش تەرتيبلەرينى ئۇسۇل تەعليمگە مۇۋافقلاشدرش؛ يۇقاريداغى برنچى ۋە ئيككنچى مەسئەلەلەر بر-برلەريگە ھەر ۋاقت ينگل باغلاناديلار. شۇنى نەزەرگە ئالب ئولەرنى ھەر يول بيلەن بولسا بر-بريگە باغلاش مۇمكندر. III نچى مەسئەلە حيساب عەمەليياتى تېخنيكەسينى ئۇسۇل تەعليمگە مۇۋافق تۇشۇندرش ئۈچۈن بولسا عەلاحيدە ۋاقت لازمدر. بۇ ساحەدە بەعزەن ئەساسى مەۋزوعدە ئۇزاقلاشقا ھەم توغرى كيلەدى. شۇنڭ ئۈچۈن بۇ مەسئەلەگە ئوقوتقۇچينڭ ئايريچا ديققەت قيلشى كېرەك. عادەتدە عەمەلييات تېخنيكەسى ئورگەتلمەسدەن بۇرۇن مۇعەللم تامانيدان (كومپلېكس مەۋزوعگە باغلق مەسئەلەلەردەن ئالينب) كورسەتلەدى. ئۇنندىكن يەنە مەۋزوعگە باغلق مەسئەلەلەر ئالينب بالالار تامانيدان تەكرار قيلينادى.

بز بۇندە دەرس بېرشدەگى ئەساسى مەسئەلەلەرنى كورسەتش بيلەن قەناعەتلەنەدك. كيلەسى مەقالەمزدە شۇل ئەساسگە تۈزلگەن دەرسلەرنى عەمەلى ئوتش ئۈچۈن ميساللار كورسەتكۈسيمز.



# ئەدەبىيات.

## تۈزەلگەن ئۆلكەگە.

غەيرەتى.

«ئەي تاغلارى كوكلەرگە سەلام بىرگەن زور ئولكەا».
مەنە بو گۈن ئەرك بولوتى باشك ئوزرە كولەنكە.
توقتاب قالغان، قاۋجىراغان بولاقلار،
شاراق - شاراق يەنە قايناب چىقمشدر.
ئاغدارلغان، ۋايىران قشلاقلار،
چندەن ئارتق گوزەل تۈسگە كرمشدر.

---

قامچىن يىگەن پادەچىلەر، چوبانلار،
كۆكەتلەردە ئيركن - ئيركن ئوينايدر.
قەلبلەريدا يوقدر زەررە ئارمانلار،
تازە حەيات ئاغوشندان قۇۋنايدر.

---

«تۈمارچالار، حەمايللار» تاقماسدان،
لالە بەرگن ئوستلەريگە ياپماسدان،
تاغ - تاشدا جۇنونلارديك چاپماسدان،
«گۈزەل قزلار، ياش كيلنلەر» ميحنەتدە،
ئەركن ياشاش تۈزوگينى تۈزگەنلەر...

---

خوجا، ئيشان، مەنخوس بايدەن زۇلم كورگەن،
ئۇ، ئيفلاسلەر ئاياغيغا يوز سۈرگەن،
نيچە يللار عاجز بولب بوي ئەككەن،
«تاغ ئيگەسى، سار بور گۈنديك يىگتلەر»،
مەنە بوگۈن حەققن ئالب بوسبوتن،
ئشلەر تينماي ساف هاوادا تۈن - كون.

---

«سينك گوزەل ئاغوشكدا كوب يللەردر كەز گەنلەر»
سەندە بولغان گوزەللكنك، نەشئەسينى سەز گەنلەر،
ئوزلەريگە تنچ ياشاشنى ياخشى قيلب تۈز گەنلەر،
نەگە ئەندى ئويالماسدان، تەحقير ئەتەر يانلاردين؟
نەگە ئەندى چىدالمايدر، بەعرى مەشئوم زانلارديك؟
نيگە بۇندەي بوستان كەبى بولشكنى كورالماس؟
نيگە بۇندەي حۆر بولشك ئونلار ئۈچن هيچ ياقماس؟
نەمە ئۈچن بوزغونلىغك يوقالغانن بيلمەسلەر؟
نەمە ئۈچن ئوميدلەرك پارلاشينى سەزمەسلەر؟
نەمە ئۈچن ئوزانلارنك قاراماقا كوزى يوق؟
نەمە ئۈچن پاك كوكسگگە ئاتماق ئستەر ئاغو - ئوق؟

---

مەيلى سينى غەزەب بلەن ئەچچق-ئەچچق سوكسنلەر
ئاغو كەبى تيللەريلە ئەلەملەرن توكسنلەر،
يەنە سينك كەك باغرگدەن كەتەلمەسلەر ئوزاققا،
مەجبوردرلەر سينك بەرگەن ئەركك بلەن يورماققا!

---

شۇنچە تەحقر، نەفرەتلەرنى كوتەر گوچى حۆر ئۆلكە،
مەنە بۇگۈن ئيرك بولوتى باشك ئوزرە كولەنكە!

---

ترناق ئاراسيگە ئەلنگەن سەتر وە كەليمەلەر ئورتاق چول: ، .

# ئۇزبېك قزى مەستان ئاى.

كچكنە حيكايە

مەستان ئاى ھەلى، دۇنيانك پەسـت بەلەندينى كورمەگەن، سەبى مەعسومە، مەعسومەليگى بيلەن بەختسز ئيدى.

بەختسز، بەختسز بولماسا-ياشلق، گوللك چاغيدا بەھارى كيلمەي سولەر، سولەر ئيمەس قىقزل ئانارداى يۈزلەرى ساپسارغ خەزانداي بولەر ميدى؟

دەرنك، ياش باشيغا كيتر گەن جەبرۇ زۇلملەرى كۆچەيگەن، ئەلەمى زور ايغان چاغلاردا كچكنە ئەريغ سۇۋينك چيلدرەب ئاققان نوقتاماس سۇۋى كە گۇناھسز كوز ياشلارينى مولدر-مولدر ئاقزب ئوزاغ-ئوزاغ ييغلار، ئوكسۇنەر ئيدى . . .

ئاتاسى ئولگەندە ئۇ چاقالاق، بلمەس ئيدى. بر دەنبر مھربان ئاناسينك شەفقەت قوچاغيدان ئايرلغانيغا بر قانچا ئايلار بولدى. ئوگەى ئاپانك ئويدە، پاچچا-سينك قاش-قاۋاغـيغا قاراب تۈن-كۈن ميحنەتى بەرابەريگە شۇملى كۈنينى ئوتكەزش مەستان ئاى ئۈچۈن ئاسان بولاردى دېسزمى؟

12 ياشغا ئيندىگنە قەدەم باسب ئوندەن بر گۈلى ئاچلماغان مەستان ئاى بر دەنبر ئولوغ ياردەمچى، شەفقەت ئېگەسى ديب بويوك «تاڭرى»نى گنە بلەر، يالنساء يالبارسا يالغز شۇنگە، شۇ بويوك تاڭـرى سيگەگنە يالبارار ئيدى.

شۇنك ئوچون ئونك تليدا:
سېن ئولوغ، تاڭرم، مينى
چوزدم قولم، قوتقار مينى..
سوزلەرى تەسبيح ئيدى. . .

مرتېمر.

مەستان ئاى ھەلى دۇنياغا كيلب شاداق كولگى‌دەن نيمە تارتق ئالدى؟...

قايغى-ييغى‌دەن باشقا نيمەگە ئېـگە بولدى؟ ئەي ئەلەم كۈلفەتلەر ئۇزاغى،

بوقال، كېت ئوندەن! ئوچلى كونلەرك يالغز مەستان ئاي ئۈچۈن توققانمى؟

كاشكى بر مەستان ئاي، بەختسز، ئوكسۇز مەستان ئاى‌گنە ييغلاسا باشقا مەستان ئايلار ھـەم نيكسز ساناقسز ئە؟.. مەستان ئايلارنى، كم كملەرگنە بوندەى دەرمانسز دەردلەردەن قوتقارار ئيكەن؟

---

كۆچلى يېل بورمەككەباشلادى، ھەر تامان دەھشەت... يانغنلار چيقدى..

جەھان ئوت ئچيدە ...دۇنيانى قاپلاب ئالغان كۆچلى، قارا بولوتلەر

سېكن — سېكن قوزغالا باشلادى.. مەستان ئاي ھەمان قايغى-حەسرەت بيلەن يانادى...

---

ۋۇلقانلار يانادى، قاينايدى تاشادى...دونيادر-درتنرەيدى... تەختلەر يانغان . . . تاجلار ئرغتلغان ... زندانلار يمرلگەن... ھەمەئبرك قۇياشينى كورشگە ئاشيقادى ... مەستان ئاي ھەليھەم قۇللقدا . . ھەليھەم زەنجرلەر قوليدا . . .

---

چندەندە تاڭ ئاندى قوياش چيقدى. تەبيعەت يەنە يەشنەب گوللەب كيتدى. بارلقدا ئېلاھى بر مەسرۇ-ريىەت .. تەبيعى بر ئېر كنلك ...

تاڭدا خورازلار قچقرادى.، كارۋانلار يولغا تۈشەدى... ئازادلق تەشولەلەرن ئيشتگەندە مەستان ئاى ھـەم قارانغى ئويلاردان، قالن دېۋارلاردان مارالاى باشلادى . . .

---

حەقلق‌نك كوزلەرى يلمەيدى ... شەفقەتنك ئۇچاغى ئاچلدى ..

مەستان ئاي چيدەب نورالمادى. ئاچدى، كونەردى قارا چممەتينى ...

---

جمجت.. بارلقدا سۇكوت ... قارانغى تۇنلەرنك كېك قوچاغى بارلقنى ئالباستى قاناتيغا چەنگەللەب ئوراب ئالغانداى...

كونلەر بر نوقتاماى ئونب نورادى. ئايلاردا نونقچ يوق...

كشيلەر يورەديلەر، ئشلەيديلەر، بر نەۋع قيلب كۈن ئوتكەزەديلەر..

قارنلارى تويب ئولمەى يورسالار، شونگەگنە شۇكۇر... ئەي قـاراڭغى تۇنلەرنك سوكى، قوياشنك كۈنى نوغساڭچى؟...

---

قارا، قويوق بولوتلار ئوتب كېتسە، قاپلانب تورغان قوياش قانداي كۆلب يارقيراب كېتەدى؟ ..

ئاپـپاق ئاينك يوزلەرينى زولمەت بولوتـلەرى قاپلاب تورەلمەى ئوتب كيتسەلەر، قانداي سۆتدەك ئايدڭ بولادى؟

مەسـتان ئايـنك يارو غلق ئستەگـەن كوزلەرى شۆندەي يانب چاگقاقـلق بيلەن بارلقـقا شادلانـب كۆلب قاراب يۆباردى..

يوزلەريدە بر ئۆميدە برئالاۋ، كملەر گەدر بردوشمانلق قوزغالدى . .

ئاچدكمى؟ قاپقارا بولونداى قارا پەردەنى ئاچدكمى، بوتونلەى كوتەردكەى، مەستان ئاي؟

---

كوتاردكمى؟ كوتەر گەنك راست چن بولسا ـ تاشـلا، يوفات ئيندى بوتونلەى!كوزلەرم تەكرار كورمەسن، كورمەين ئيندى!

شونچەيل ياپنغانلارك،كور گەن عەزابلەرك، يتەر ئيندى، سكلم!

سين - بر، بردەن - ئون، ئوندەن - يوز، مك بولسن! ميكلەر، ميليونلەر سيندەن ئورنەك ئالسن،يوقانسن، كۆيدرسن، شۇ پەرەنجينى!

ئازادلقك، ئيركن ياشاشك،قۇللقدان قۇتيلشك، بەختك، سەعادەتك هەمەسى شوندەيە، سكلم؟ بلەسەنمى؟ بلسەك، تەنتەنە بيلەن ئوتكمز گەن 8 - مارتنى ئېسلەسەك شونك حورمەنيگە

تاشلا، تاشلاندر، يۇقاندر، بتر پەرەنجيلەرنى! شوندەن كيين، هەى سكلم، سين، سينلەر، ئورتاغلارك، هەمە، هەمەگز دەدل، تېتك قەدەملەر بيلەن ئشكە، ئشگە!

شوندەڭنە مين:

ياشا، ئېركن تاغ، دالا قزى!
ياشا، يوقسول ئشچى، ئش قزى!

دبيەرمەن.

---

# خۇن - چى - فو

(ختاى تۆرمۇشيدان)

حيكايە

ز. عۇسمانى

قاررى خۇن-چى-فـۇ تامرلارى چىقب قالغان قوللارى بيلەن، هەر كۇن ئېرتەدەن تا، يارم كيچەگە قەدەر ئەرەۋەسينى سۇدرەب يۇرار ئيدى. ئول ئوزينك مېحنەتنى بيلەن ئيككى قۇرس نان ۋە بر كاسە شورۋەگە بيتەرلك پولنى پيشانە تېرلەرينى ئاقيزب تاپارئيدى. (ختاي كەمبەغەللەرينك كوپىسى، ئوزلەرينى ئـات ئورنيغا ئەرەۋەگـە قوشب، يرنقچ ياۋروپاليلارغا ۋە ئوز بايلاريغا فايتونچيلك قيلب، كۆندەلك ئاۋقاتلارينى مك خېل بەلا ۋە عەزاب بيلەنگىنە تاپاديلار. بۇندەى فايتونچيلارغا «رېكشە» دېيدرلەر. رېـكشە ـ كچـكنە ئيـكـكى غلديرەكلى بولب بـر ئادامگنە سغادى. ۋە ئات ئورنيگە كشى تارتب يورادى)

سېۋگملى ئوغلى «لى» ياۋروپا زالملارى تامانيدان جەزالانب ئولدير لـگەندەن كيين، قاررى خۇن - چى -فۇ گە رېكشەلك قيلشغا توغرى كيلگەن ئيدى. خون-چى-فو ۋاقتسز ئولدير لـگەن ئوغليغا ماتەم بيلگيسى قيلب، تبلپەگينك تيپەسيگە يۇمالاق ئاق نېرسە قويغانيغا ۋە ئاياغيغا ئاق كەۋش كييگەنيگە هەم ئۇچ يل بولب قالغان ئېدى. شۇل ۋاقتدان بېرى ئۇ ئفلاس،چەگلك كوچەلەردە رېـكشەلك قيلب يـۇرسا هەم ئـوغلى ئولگەندەن كيين ، ئۇندە ئلگەريگى كۇچ قالماغان ئيدى. ئۇل: «قايدا بولسا هەم برەر بازار ئورتاسيدا يۇرەكم ياريلب، باقمسز ئيت كەبى ئولب قالارمېن!» ديب يۇرار ئيدى

خون-چى-فوئولمدەن قورقماسا هەم، ليكن ئۇنك، جانى،- تابۇتينك تېپەسيگە قويولاديغان ئيسملك تەختەچە[1] سينك بولماغانليغى ۋە ئولگەندەن كيين، جەسەدى ئاچق جايدا (ئولـگەن ئيت جەسەدى كەبى) قاليشيدان جۇدە خەفەلەنەر ئيدى.

---

[1]) ختاى خەلقى ئورتاسيدا بۇرۇنغى بـابـالارينك: « كيشينك جانى ئۇچتە بۇلار ئيكەن! ئۇلەرنك بتەسى ئولۇكنك ئۇيدە قالدىرلادىغان ئيسملك تەختەچەنك تيشيكيگە كرب جايلاشب قالادى» دېگەن خورافات حۇكم سورەدى. شۇنك ئۇچۇن ئولكەن قالغان بۇندەى تەختەچە ئۇينك حۇرمەتلى بۇرچەكيدە ساقلانادى.

خۇن-چى-فۇ جۇدە ياخشى بىلەر ئىدىكىم، ئەگەر ئوغلى سەلامەت بولسا، ئاتاسىغا ياخشى بىر قاراغاي تابوت قىلدىرىب قويار ئىدى [1]

---

مۇستەملەكەچى زالىم بىر ئەنگلىز ئۈچۈن، بىچارا خۇن-چى-فۇ ئۆزىنىڭ ئەزىز ئوغلىدان ئاجرالدى. جەللادنىڭ بالتاسى لىنىڭ باشىنى ئىككىگە بولىب-كېسىب تۈشۈردى.

ئەرەۋەسىگە ئەنگلىزلەرنى ئولتىرتىب بۇرغانىدا، يافندا بولوب ئۆتگەن قانلى فاجىعە خۇن-چى-فۇنىڭ ھەر قەدەمدە ئېسىگە تۈشىب جانىنى ئەزابلەيدىغان بولوب قالدى.

خون-چى-فو ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى «لى»نى «ميستر ئستيك» دېگەن بىر ئەنگلىزگە مەلەيلىككە بېرگەن ئىدى. شۇندەن كېيىن، خون-چى-فو ئوغلى بىلەن جۇدە سېرەك كورىشەدىغان بولوب قالدى. ئۇل، ئوغلى بىلەن تەسادۇفەن گىنە ئۇچرەشگەندە، -لى ئاتاسىغا: «ئاتا! مېنى ئويگە قايتارب ئالغىن!» دېب يالىنار ۋە خوجاسىنىڭ ئۆزىگە كورسەتكەن ياۋايىلارچا جەبر زۇلملەرىنى سوزلەب يىغلار ئىدى. ھەقىقەتەن ھەم بالالارنى ۋە خىتايلارنى جەبرلەشدە، ئەنگلىزلەرنى ئېڭ برىنچى مەدەنى يىرتقچلاردان ھىسابلاسا بولادى.

شۇندەي قىلىب، لى برنىچە ئايلاردان كېين ياۋاش ئىندەمەس بىر قۇل بولوب قالدى!... ئۇل دۇنيادا بولغان ۋە بولادىغان ھەر بىر جەبر-زۇلملەرنى باشىدان كېچرگەن كەبى كورىنەر ئىدى. كېينگى ۋاقتلاردا ئاتاسى بىلەن ئۇچرەشگەندە ھەم، ئىلگەرگىدېك شىكايەتلەر قىلماسدان قايغى ۋە ھەسرەتلەر بىلەن كېپرىكلەرىنىڭ ئاستىدا ئانغنا ئرنگە قاراب قويار ئىدى. نىمە قىلسن بىچارا! ئاتاسى كەمبەغەل، ئۇنگە قايتسا ھەم ھېچ نىمە يوق. ھەر نىمە بولسا شۇل زۇلم-جەبرلەر ئىچىدە مېھنەت قىلىب ئوز ناماغىنى تويدرشغا مەجبور ئىدى.

ئۇزاقدا ئوتمەدى، خون-چى-فونىڭ خاتىنى ئولدى! ئۇل قاررى كۇنىدە يەنە يالغز قالدى!!! خاتىنى ئولب، بىر مونچە كۇنلەر ئوتگەچ خون-چى-فو ئۆزىنىڭ قايغى-ھەسرەتلەرىنى يېشب، كوڭلىنى تىنچلەندرمەك ئۈچۈن ئوغلى «لى»نىڭ ئالدىغا باردى. ئۇل، خوجانىڭ كوزىگە ئىلىنب قالماس ئۈچۈن ئوغلى يانىغا ئارقا ئىشكدەنگىنە كىردى (چۈنكى ئفلاس كىيىملىك كىمسەلەرگە ميستر ئستيكنىڭ ھەۋلىسىگە كىرش مەنئ قىلنغان ئىدى). ئۇل، -ئىشك يانىدا ئوغلى «لى» بىلەن ئۇچراشب قالدى ۋە ئۆزىنىڭ ياشلى كوزلەرى بىلەن ئوغلىنىڭ كوزلەرىگە ئۇزاق قاراب تۇردى-دا: ئوغلىم! سېن يەنە بىر كەتتە بەختسزلىككە ئۇچرادىڭ! -سىنىڭ سېۋگىلى ئاناڭ «كون نىيە» ئولب قالدى!!! مېنىم رەھىملىك.....» دېب، سوزىنى تەيتب بتىرە ئالمادى، خۇددە كوكدەن تۈشگەندېك ميستر ئستيك كېلب چىقدى ھەم ئۇنى-بۇنى تىكشىرب تۇرماسدان خۇن-چى-فونى: «نىمە ئۈچۈن مېنىم ئويمگە رۇخسەتسز كىردىڭ؟! مېنىڭ ھەۋلىگە كىرشكە سېنگە رۇخسەت يوقلىغىن بىلمەيسەنمى؟ ئيت بالاسى!» دېب، قامچى بىلەن چالنى ئۇرا باشلادى... قاررى خون-چى-فو نىمەدر ئەيتمەكچى بولدى... براق ئەيتە ئالمادى.. ئۇل كوب يالندى. لېكن قانچا «ئورماڭ حازر چىقب كېتەمەن» دېب يالنسا ھەم ھەمەسى بىكارگە كېتدى. «لى» ياۋايى خوجاسىنىڭ قوللارىنى ئۇشلاب، بەختسز قاررى ئاناسىنى قامچى ئەزابىدان قۇتقازماقچى بولدى. لېكن، ميسترگە كۈچى يېتمەدى... زالىم ئەنگلىز، ھېچ نىمەگە (داد-فەريادلەرگە) قاراماسدان، تا-پەستدەگى نارۋانغا تۈشب يېتكونچە-ھەر قەدەمىدە بىر قامچىدان ئۇرۇب خۇن-چى-فونى كوچەگە چىقارب تاشلادى... ئېشك مەھكەم بېكلدى!...

*
* *

خون-چى-فو ئىككنچى كوندە گىنە، ئۆزىنى ميستر ئۇرغان ۋاقتدا «لى»نىڭ ھىمايە قىلغانىنى بىلدى. ئېشك ياپلغاندان كېين، ميستر نارۋاندان ئويگە چىقب كېلەر ئىدى، «لى» بالتا بىلەن ميستر ئستيكنىڭ باشىغا ئۇردى. ميستر ئستيك ھېچ قىملاماسدان شۇل يېردە يىقلب قالدى.

بىر نىچە كۇنلەر ئوتكەچ خون-چى-فو، ميستر ئستيكنىڭ جەراھەتىگە ياۋروپالق دوختۇرلار تامانىدان ياماق سالنغانىنى ۋە بتتە قۇلاق بەرگى بوقاندلب، بېتلەرىدە يالغۇز نىكش ئزلەرى قالغانىنى بىلدى.

---

[1] خىتايلار عادەتى بويىنچا، - ئاتاسى تيرك ۋاقتدا، ئوغلىنىڭ ئۇنگە تابۇت تايىارلاب قويىشى، ئاتانىڭ كەتتە ھورمەتگە ئېگە بولغانىنى كورسەتەدى.

مەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كىشى ئولتۈرگۈچى باسماچى دەپ ئەيبلەپ، جۇدە قاتتىق تەن جەزالىرى بىلەن جەزالەپ ئولتۈرگەن ئىدىلەر. خۇن - چى - فۇ ئوغلى «لى» نى جەزا قىلغان ۋاقتىدا نىمە قىلىشنى بىلمەسدەن خەلق ئاراسىدا ئويلاپ-يۈيلاپقا چاپىپ يۈردى....

قوللارى ئارقاسىغا مەھكەم قىلىپ باغلانغان «لى» كىچىك بىر چۇقۇرغا باشىنى ئېگىپ تۇرار ئىدى! كوزلەرى كىشى قانىدان قىزارغان جەللاد بالتاسىنى يۇقارى كوتەردى ۋە كوزلەرى بىلەن «لى» نىڭ بوينىنى كوزەتىپ... ئەنە ئوردم دىگەندە گىنە «لى» باشىنى بىر تەرەفكە بۇرىپ يۈباردى. بالتا ھەم توغرى بوينىگە توشمەسدەن «لى»نىڭ ئوڭ قولباشىغا ئۇردى. «لى» ئولمەدى ... باشىنى قىمرلاتىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن قىچقىرىپ يانار ئىدى...

شۇ يېردە خەلق دىگىز تولقۇنىدېك گۇرلەلەي باشلادى، ھەر تاماندان شاۋقۇن كوتەرلدى. خۇن - چى - فۇ ھەم غەيرى تەبىعى بىر ئاۋۇش بىلەن:

— «بالامنى ئەزابلاماڭ، تېزرەك ئولدرڭ!» دەپ قىچقىرماقدا ئىدى. خەلق تولقىنى ئۈستىدە بۇ ئاۋاز ئىلنىپ قالغان كەبى بولدى...

جەللاد تېزگە چوكىپ، پەدرگە نەعلەت! ھەلى ئولە-مەيسەنمى!» دەپ قەھەر بىلەن يەنە بىر زەربە ئۇردى، ۋە «لى»نىڭ باشى تەنەسىدەن ئەجرالىپ، دومالاپ كېتتى، لېكن، چۇقۇرغا توشمەسدەن، چېتىدەن توقتاپ قالدى... جەللاد كېسىلگەن باشغا يېقىن كېلىپ، بېتىگە ئاياغى بىلەن تېپىپ يۈبارغاندان كېين، باش چۇقۇرغا دومالاپ توشىپ كېتتى...

خۇن - چى - فۇ، بۇ فاجىعەنىڭ ھەر بىر مەيدە ۋاقىعەلەرىگەچەھەمەسىنى ياخشى ئېسلەر ۋە جۇدە ياخشى بىلەر ئىدى... ئۇل، جەللادنىڭ «لى»نىڭ باشىنى كېسىپ توشرگەندەن كېيناق چونتەگىدەن پاپىروس چقارىپ ياحۇزۇر پاپىروس چېكىپ تۇرغانىنى ھەم ئېسىدەن چقارغان ئېمەس ئىدى.

---

ئىش بىتدى. «لى» ئولدرلدى! يىغلىغان خەلق زالىم ئەنگلىزلەرگە نەعلەت ئوقوپ تارقالدى...

«ئىككى ئاياقلى ئات» خۇن ھەم ئالاۋلەنىپ، ياتىپ بارا ياتغان يۈرەكىگە چەدەي ئالماسدان ئەرەۋەسىنى سۈدرەپ چاپىپ كېتە بەردى.

* * *

بۇ كۈن ئەيرتەدەن بۇيان خۇن ئۈزىگە پاسساژىر (ئولتىرگۈچى) تاپالغانى يوق. كۈن ھەم جۇدە يامغۇرلى. ئاياق ئاستىلاي، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كوبرەگى ئويلەرىدە ئولتىرار ئىدىلەر. ئۇنىسى ھەم مەيلى ئىدىكۇ، لېكن يېقىن كۈنلەردە ئاۋتابوسلەر پەيدا بولىپ، پاسساژىرلارنى يېغىپ ئالادىغان بولىپ قالدىلار.

خۇن پاسساژىرلار قىدىرىپ يۈرغاندە، سۆيە كلەرىگەچە سۇۋ ئوتىپ كېتدى. تەمامەن چارچادى. نىھايەت كەتتە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توقتادى. چونكى بۇ ئوى ياۋروپالىقلارنىڭ قۇلۇبى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىدە ئويىنىڭ دىۋارى بويىنچا 40 — 50 لەپ رىكشەلەر تىزىلى رەۋشدە تزىلىپ كېنگەنلەر ھەمەسى ياۋروپالىقلارنىڭ قۇلۇبدان چىقشلارىنى كۈتىپ تۇرار ئىدىلەر. خۇن ئېڭ ئارقادا قالغان ئىدى. ئۇنگە ھەلى نەۋبەت ئۆزاق ئىدى. قۇلۇبدان چىققان ھەر بىر ئاق تەنەلىك مەدەنى بىرتىقچلار دۇنياسى - ياۋروپالىقلار ئەرەۋلەرگە ئولترىپ كېتە باشلادىلار. خۇننىڭ ئەرەۋسىگە ھەم نەۋبەت كېلىپ قالدى.

خۇن ياشراق رىكشەلەر بىلەن گەپلەشىپ تۇرغانىدا، ئۆزىنىڭ ئەرەۋسىگە جۇدە يوغان مىتر ئستىنك نىڭ ئولتۇرغانىنى ھەم كورمەي قالدى.

خۇننىڭ بويىنىغا، چىكەسىگە ۋە يۈزىگەقان يوكردى. ئۇنىڭ تەبىعى ياپلىپ تۇرغان قاپاقلارى ئېچىدە گى قىسق كوزلەرى، مىستر ئستىنكنى يېپ تاشلاشقا خالاغانىدىك ئەسەبىلەشىپ ئويناقلار ئىدى. ئۇنىڭ كوزلەرىدەن، - دۇشماننى تۇزاققا ئلىندىرش تلەگى سېزىلەر ئىدى.

مىستر ئستىنك، ئۆزىنى قايسى تامانغا ئالىپ بارشنى كورسەتكەن ۋاقتدا، خۇن - مىستىرنىڭ - بىر قۇلاغى يوق نەفس ئەفنىگە قاراپ: «ھا بىچارا، رەحمەتلىك ئوغلم «لى»سىنىڭ ئەفتكدە شۇ چرايلىق عەلامەتنى ئېسدەلك قالدردى» دەپ ئويلاپ قويدى.

مىستر ئستىنك خۇننى تانيمادى ۋە بۇ حۇسوسدا ئويلاپ تۇرشغا ئۇنىڭ ۋاقتى ھەم يوق ئىدى. قلرى

خون، ئوزينى ئەرەۋەگە قوشب ـ ئەبەدى دۇشمانى بولغان ميسترنى ئالب كيتدى.

شۇ دەقيقەدە خوننك مەجروخ يۇرەگيدە ننمەلەر بولغانينى ۋە نيمەلەر ئويلاب كيلگەنينى تەسۋير قيلب بيرش جۇدە ئاغر بر نەرسە.

خون، ئوزينك سەرنشينى نى هيچ قاچانبۇنداى نەز يۇرگزگەن ئەمەس ئيدى. ئۇنك ئەرەۋەسيگە ئولترب باراديغان ئەنگليز، خوننك ئوغلينى ئولدرنكەن ئۇنك ئۇستيگە ئوزينى هەم ئەرەۋەگە قوشب، سۇدرەتب يور گزەر ئيدى.

كوكنك جەنوب تامانيدان شەهەر ئۇستيگە قاراۋە جۇدە قورقنچلى يامغور بۇلۇتى ياقينلاشب كيلمەكدە ۋە خون هەم شاشلب بارماقدا ئيدى. مەنـە چاقماق چاقب، ماماگۇلدرەك ناۋۇش بەردى. كوب ئوتمەسدەن قاتتـق شامال بيلەن يامغۇرنـك يەرك تامچيلارى، ئويلەرنك تاملاريغا، ئەرەۋەنك تەپەسيگە توكيلە باشلادى.

خۇننك يۇپقا كييميدەن يەنە تەنەسيگەسۇ ئوتدى. يامغور سۇۋى بيلەن لايدى كوپەيگەن كوچەدەئەرەۋەنى سۇدرەش قيين ۋە جۇدە ئاغر بولغانغا كورە، خـون يۇريشينى سەكنلەتشكە ۋە يول ئورتاسيداغى يىغلب قالغان سۇۋلى (باتقاق) جايلارنـى ئەيلەنب چقشغا مەجبۇر بولدى.

يامغور دەقيقە ساين كۇچەيمەكدە ميسترنى ئالب باراديغان جاى ئيسە هەلى جۇدە ئۇزاقدا ئيدى.

كوز ئالديداقورقنچلى حادىسەلەر تۇرغانلقدانمى، حەسرەتينك كوبلگيدەنمـى ياخۇد محنەت كۇنينك دەۋاميدە شۇندەى يامان هاۋا ئيچيدەيۇرگەنلكدەنمى، حەقيقەتدە هەر ئيككەلەسينك سەبەبيدەن بولسا كەرەك قاررى خوننك كۇچى كيتدى ۋە «بر ئاز دەم ئالاي» ديب توقتاب قالدى. ليكن، شۇ دەقيقە ئۇستيك سايەبانننك ئۇچى بيلەن خوننـك ئارقاسيغا بر نيچە مەرتەبە سانچب ئالدى. بۇ ميسترنك چارچاغان «حەيۋاننى» هايداشى ئيدى. بلمەيمەن قاررى خۇن گە قايردەن شۇ قەدەر كۇچ پەيدا بولدى؟ ئۇل بەدەنينى بر نيمە چاقب ئالغان كيشيگە ئوخشاب، بر تامانغا تاشلاندى ۋە يەنگيدەن كيلب ئەرەۋەسيگە تيسكەرى تامانى بيلەن تۇرب قوشلب ئالدى. ئيندى خون نيمە قيلش كيرەك ئيكەنليگينى ئاڭلاغان ئيدى. ئۇل، ئوزينك باراديغان يوليدان بارماسدان، دەريانك قرغاغيغا بارب توقتايديغان بر كوچەگە بۇرۇلب، ئەرەۋەسينى يۇگورتە باشلادى. ميسترئيستيك بۇندە قانـداي بولسا هەم بر ەر بەلا بولغۇسينى سىزب ئالدى ـ ليكن، ئـۇل ئەرەۋەنك ئيشيگينى ئاچب سەكرەب تۇشگونچە، خون (دەرياگە تۇشەديغان تككە يولدان بارغانيدا) ئەرەۋەسينى قوليدان قويب يوباردى. ئەرەۋە، خوننك دۇشمەنى بولغان ئەنگليز بيلەن برگە قاتتق تولقنلى دەرياگە يۇمالاب كيتدى . . .

خون دەريا بويدەگى بوشلقدان، ئوغلينى ئولدرتكەن ميسترنك ئولۇمينى تاماشا قيلماقچى ئيدى. فەقەت سوۋگە چوملب كيتكەن ئەرەۋەنك فەقەن غەلديرەكلەرينى گينە كورە ئالدى. ئەنگليز ئيسە، سرە كورنمەسدەن (غتايدان ئەبەدى) يوقالدى.





# بۇخارا شەھرى ۋە ئېسكى بنالەرى.

موسا سەيىدجان.

## ئورتا ئاسيا شەھر وە قورغانلارىنىڭ ۋجودغا چىقىشى.

ئورتا ئاسيانىڭ قەدىمگى دەۋرلەرى ۋە تەئرىخى توغرىسىدا مەعلۇمات جۇدە ئاز ـ سىرەكدر. بۇ ئولكەنىڭ براق ئوتمشىنىڭ سەۋدا ۋە سەناعەتى، سياسى ۋە مەدەنى ترىكچىلىگى جۇدە قارانغىدر. خىتاى ۋە يۇنان مەنبەعلەرى ھەم ئىران دىنى ئەسەرلەرىگە كورە ئورتا ئاسيادا‌غى خەلقلەرنىڭ مەدەنى ترىكچىلىكلەرى ميلادى تەئرىخدەن نيچە عەسر بۇرۇن باشلانغاندر. ماكىدونيالى ئىسكەندەر تۇركستانگە كيلگەندە (ميلاددان 30 - 229 يل بۇرۇن) بوندا ديھقانچيلق ۋە چارۋادارلق بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە كوب ئاباد شەھەرلەرگە ئيگە بولغان خەلقلارغا ئۇچراغان.

ئىككىنچى عەسرى ميلاديدە، تۇرك فاتيحلەرىنىڭ بيگىشلەرى نەتيجەسيدە «تۇركستان» ئاتالغان بۇ ئۇلكەنىڭ تۇب خەلقى ئارى نەسلىگە مەنسۇب ئيرانليلەر بولوب، كيينگيلەر تەرەفيدەن «توران» ئاتالارئيدى. ئيران بيلەن توران ئاراسيداچىك ئارا «ئوكسۇز» (ئامۇدەريا) بولغان.

مەزكور ئيرانليلەر. تۇركستاندا ياشاغانلار. بۇلارنىڭ ئەسل ـ تۇب ۋەتەنلەرى قايىر بولغانى توغرىسيدا مەعلۇماتلار تۇركلەرنىڭ مۇھاجەرەتلەر نەتيجەسيدە شەرقى ئاۋرۇپاۋە ئيرانغا ئورتا ئاسيادان بارغانلارىنى تەئكيد ئيتمەكدەدر. (1)

بۇنداغى خەلقلارنىڭ كوپچىلىگى ئيرانلى بولىشىغا قاراماسدان قەديم زەمانلاردا ئۇلەرنىڭ بۇتون تۇركستاندا كۇچلى بر دەولەت تەشكيل ئيتە ئالغانلارى مەعلۇم ئيمەسدر. عۇمۇميەت بيلەن تۇركستان عەرەب ئستيلاسيگەچە ئايرم فيئوداللقلاردان عبارەت بولغان.

بۇ فيئوداللقلار بۇيۇكرەك نەھرلەر بويىدا تەشكيل تاپقاندر. بۇلەرنىڭ ئيڭ مەعلوم ۋە مەشھۇرلەرى: ئامودەريانىڭ تۇبەن ئاقيمداغى خارەزم، زەرەفشان حەۋزەسيدەگى سۇغد (مەركەز شەھرى مەراكينت ـ سەمەرقەند)، باختەر (باكتريە ـ بەلخ) مەركيان (مەرۋ) ۋە ئاريان (ھيرات) در.

تۇركستان خەلقينىڭ تۇب كەسبى ديھقانچيلق بيلەن چارۋاچلق بولوب، ئيرك يير ۋە سۇ خوجالارى قوليدا بولغان. «ديھقان» ئاتالغان بۇ پاميشچيكلەر ئوز قوللارى ئاستيدا بولغان «كەششا ۋەرز ـ قوشچى» لارنىڭ ئونراق جايلارىنى قورغان ديۋار بيلەن ئوراب ئالار ئيديلەر. بارا ـ بارا بۇ ديھقانلارنىڭ ييرلەرى كوپەيب سەۋدا ئشلەرىنىڭ ئوسيشى بيلەن، شول كچيك قورغانلارنىڭ بەعزيلەرى شەھەر حالىغا كيلگەن ۋە حازرغى ئورتا ئاسيا شەھرلەرىنىڭ كوپيسى شوتەرتيب بيلەن بارلققا چيققاندر.

(1) ئاكاديميك ۋ. ۋ بارتولد «تۇركستان تەئريخى» بيت 6

حازر ئورتا ئاسىيانىڭ قىشلاقلارىدا يۈزلەرچە تيپپەلەر باردر. بۇ تيپپەلەر ۋاقتىدا ديهقان ئاتالغان پامىشچىكلەرنىڭ قورغانلارى بولوشى ياقن ئيحتىمالدر. بۇنداى پامىشچىكلەر هەر فئودالىقدا يوزلەرچە بولوب، بۇ بوكرەك ۋە سەۋدا، سەناعەت مەركەزى بولغان قورغانلارى فئودالىقنىڭ مەركەزى بولغاندر.



ئەركنىڭ عۇمومى كورىنشى. (بۇخارا)

فيئوداللىقنىڭ باشلىغى ـ پادشاسى ئىرىك يير ئيگەسى بولغان ديهقانلاردان ئيدى.

بۇ فئوداللىقلارنىڭ هەر برينى ئۆزيگە مەخسۇس لەقەب بىلەن زيكر ئيتەلەر: سوغد خانىنى «ئەخشيد» بۇخارا خانىنى «بۇخار خۇدات» خارەزم شاهىنى «خارەزمشاه» ۋە هاكەزا..

## بۇخارا شەهرى ۋە ئەرك.

ئورتا ئاسيادا غى ئيسكى شەهرلەردەن برىدە بۇخارا شەهرىدر. بۇ شەهرنىڭ قاچان ۋە قايسى دەۋر مەيدانغا كيلگەنى توغريسىدا هەلى ئانىق مەعلومات يوقدر. ئىسكەندەر تۈركستاننى ئىستىلا ئيتكەندە بۇخارا شەهرى ۋە ئايرم بۇخارا دەۋلەتى بارلغى ۋە يا بۇندەى حوكومەت بولغانىدان يۇنان مەنبەعلەرى سۇكوت ئيتكەنلەر چاغى. ئىسكەندەر باختر، سوغد، ئەسرۇ-شەنەنى ئشغال ئيتكەندەن كيين زەرئەفشان حەۋزەسينىڭ ئورتا ۋە تۆبەن ئاقيميغا قاراب بارغان. شۇل بار يشيدا ئول قشلاق ئۈچۈن باختر (بەكتيريه) دە توختاغان. بر رىۋايەتكە قاراغاندا ئىسكەندەر بەكتيريه ـ بەلخ ـ گە

ئيمەس، بايكينتگە بارغان ئيمىش. عەرەب ئىستيلاسى دەۋرىدە بايكينتنىڭ كۈچلى بر قورغانغا ئيگە بولغانى بۇ شەهەرنى ئالش ئۈچۈن عەرەبلەرنىڭ كوب ئورۇششغا مەجبور بولغانلارى مەعلۇم ۋە مەرۋىدر. بوندان باشقا نەرشەخى بايكينتنى يازغاندا بۇخارادان ئيسكى بولغانىنى، خەلقىنىڭ كوپسى قوريدا ۋە دەريادا يوروب، سەۋدابىلەن مەشغۇل بولوب، چين-خيتايغاچا بارغانلارىنى يازادى. (1)

بۇخارا توغريسىدا نەرشەخىنىڭ(2) ئيككى رىۋايەتى باردر. برى بۇخارا شەهرستانى، ئيككنچيسى بۇخارائەركى توغريسىدادر. بۇ رىۋايەتلەرگەكورە بۇخارا شەهرستانىنى تۈرك حاك-لارىدان برى تەقريبەن 6-7 نچى عەسرى ميلاديدە سالدرغان بولادى. عۇمۇميەت بىلەن، تۈركستاندا تۈركلەرنىڭ قەتعى يىگىشلەرى VI نچى عەسردە بولغانىنى ۋە ئىسلاميەتگەچە بۇخارا خۇدداتلارينىڭ تۈركلەر نۇفۇزى ئاستىدا بولغانىنى نەزەردە تۇتغاندا نەرشەخىنىڭ رىۋايەتيگە ئىشانىشگە توغرى كيلەدى.



ئەرك ئيشكىنىڭ كورىنشى. (بۇخارا)

1) نەرشەخى ـ بيت 22
2) مەزكور كتاب بيت 6-8

بۇخارا تەئرىخىنى يازغۇچى خاجەئى غنجارى (1) موحەممەد ئىسماعىلى بۇخارايى (2) ئەبوبەكر ئبنى مۇحەممەد جەعفەرى نەرشەخى (3) لەرنك بۇخارا! تەئرىخلەرىدەن بزگە يالغۇز نەرشەخىنك عەرەبچەدەن فارسىچاغا ئيككنچى قاتلا قسقارتلب تەرجۇمە قىلىنغان بر ئەسەرى ئېرشكەندر. شۇنك ئۈچۈن بو شەھر توغرىسىدا نەرشەخىدەن ئوزگە توگەل مەنبەعىمز يوقدر.

نەرشەخى ۋە ردانزى، رامىتەن، دەرەفشە - ئەركى - بەستە، بايكەند تومەنلەرىنك بۇخارادان ئيسكى بولغانىنى يازادى.

ئىسلامىيەتدەن بۇرۇن ئورتا ۋە قوبى زەرەفشاندا نۇرك حۇكۇمەتى نۇفۇزى ئاستىدا بولوب، مەركەزى بۇخارا شەھەرى بولغان. (4) عەرەبلەر ھەم ئيسكى جۇغرافى تەقسىماتنى سافلاغانلار. بۇخار خوداتنى خىراج تولەگوچى ئيتب، ئوز مالىيە مەئمۇرلەرىنى قويغانلار. بۇ حال سامانيلارنك برنچى بۇيۇك ئەمىرلەرى بولغان ئىسماعىلى سامانىگەچە دەۋام ئيتكەندر. براق بايكىنتلىلەر ھەر ۋاقت بايكىنتنك بۇخارا شەھرىدەن ئيسكى ۋە بۇيۇك بولوشى بيلەن ماقتانغانلار. شۇلارنى نەزەردە تۇتقاندا بوخارا شەھرستانىنك ھازرغى تۇزۇلۇشىنك VI - VII نچى عەسرى ميلاديدا بنا ئيتلگەنىنى چامالاب بولادى.

ئيسكى شەھرستان حازرغى بۇخارانك ئورتاراق بر جايىدا ۋاقىع بولغان. شەھرستاننك حۇدودىنى تەعيين ئيتش ۋەقفىيەلەر ئارقالى مۇمكن بولادى. بۇندان باشقا شەھرستان بۇكسەك بر يېردە ۋاقىع بولغانيدان، حۇ-دۇدىنك كوب نۇقتەلەرى ئوز- ئوزىدەن كورونب

1) خاجەئى غنجارى بۇخارالى بولوب 412-دە بۇخارادە ئولگەن.

2) «سەحيحى بۇخارى» ئسملى مەشھۇر حەدىس كيتابىنك مۇئەللىفيدر. 194-دە بۇخارادا توغولب 256 ھجريدە سەمەرقەندىدە ئولگەن.

3) مۇحەممەد ئبنى جەعفەرى نەرشەخى 332 ھجريدە عەرەب تليدە بۇخارا تەئرىخى يازغان. بوئەسەرنى 522 ھجريدە ئەبۇنەسرى ئەحمەد ئبنى نەسرۇلقەبادى قسقارتب فارسيچاغا تەرجۇمە قىلغان 574 ھجريدە ئيسە بۇ تەرجۇمەنى مۇحەممەد ئبنى زەفەر ديگەن كمسە تاغن قسقارتب ئوز زەمانىگەچە بولغان بەعزى ۋاقىعەلەرنىدە قوشغان. كيينگيسى 1906 دە بۇخارادا باسلغاندر.

4) ئىسلامىيەتدەن بۇرۇن، ۋە ئوندەن كيين سامانيلەر دەۋرىگەچە بۇخارا ئولكەسىنك چيگەرەسى حازرگى زەرەفشان ۋيلايەتىنك ئابادييرلەرى بيلەن، توركمەنستاننك فەرەب تومەنىدەن عبارەت بولغان.

تۇرادى. (1) ئيسكى ۋاقتلاردا شەھرستانغا سۇچقاغان حازردە ئيسە شەھرستاننك شمالىدە «حەۋزى قازى كەلان» شەرق ياغىدا «حەۋزى خاجە كەلان» ئانىدا ئيككى حەۋز باردر. برنچيسىنك سەتحى بيردەن 5 ميتر، ئيككنچيسىنك سەتحى ئيسە تورت يارم ميترو چۇقۇرلىغدادر.

شەھرستاننك حۇدود، مەساحە ۋە ئيشيكلەرى.

شمال ياغى: زندان - شەھرستاننك شمالى غەر-بى بۇرچەكيدە ۋاقىع بولغان؛ شۇندان شەرققا تامان بارلسا قاتاغان مەسجدى شەھرستاندا قالب چوب بازارى چىقادى. چوب بازارىنك ئاخيرى ۋە خاجە عەبدۇللائى كەبير مەزارىنك جەنۇبيدەن باشلاب، جەنۇبى غەربيگە بۇرىلادى ۋە خاجە ئەۋلىيائى غەربب مەزارىنك شمالىدەن ئوتۇب شاھ ئەخسى مەزارىگە چىقادى. شاھ ئەخسى مەزارى ۋە خانەقاھى شەھرستاننك ئيچكەرىسىدە ۋە شيمالى شەرقى بۇرچەگيدە ۋاقىع بولغاندر. بۇ ياقنك ئۇزۇنلغى 315 سەرجيندر.

شەرق ياغى: مەزكۇر بۇرچەكدەن پاي ئاستانە گوزەريدەگى عەبدۇللانەزەر مۇفتى مەدرەسەسيگەچە كيلەدى. شۇل مەدرەسە جەنۇبى شەرقى بۇرچەكدە ۋاقىع بولوب شەھرستاندان تاشقارىدادر. حەممامى پاي ئاستانە، مەدرەسەئى سەراي، ئەش شەھرستاننك ئيچكەرىسىدە ۋاقىعدر؛ مەسجدى چوبباز ئيسە ئيسكى دىۋار ئۇستىدە ۋاقىع بولغان 3 ياقنك ئوزۇنلغى 180 سەرجينگە ياقندر.

جەنۇب ياغى: عەبدۇللا نەزەر مۇفتى مەدرەسەسى ۋە مەسجدى پاي ئاستانەنك شيمالىدەن (شەھرستاننك تاشقارىسىدا قالدرب) شۇندەن جەنۇبى غەربيگە بۇ-رۇلۇب كيموختگەران ۋە بازارى گول گوزەرلەرىنك ئورتاسىدان ئوتەدردە سوزەنگەران رەستەسيگە چىقادى. حەممامى مسكەران (حازر حەممامى بازارى كارددىلەر) شەھرستاندان تشدا قالب، سوزەنگەران مەسجدىنك جەنۇبيدەن توغرىراق بر خەت بيلەن شەھر يىقجان

1) مين ۋەقفىيەلەر بيلەن حازر كوروۇنوب تۇرغان بۇكسەك جايلارنى تيگلەشدردم. براق ۋەقفىيەلەرنك بەعزيلەريدە ياڭلشلار بار. ۋەقفىيەلەرنك بريدە بر يير «دەرداخل حصار قديم بخارا» دەب قەيد ئيتلگەنى حالدە، ئيككنچى ۋەقفىيەدە «دەرخارج حصار قديم بخارا» دەب يازلغان. شۇنك ئۈچۈن بر نيچە ۋەقفىيەلەرنى كورش ۋە شۇ ييرنك ۋەزعيەتى بيلەن تانيشىشغا توغرى كيلدى.

(قازيخانه) گۇزەرينڭ مەسجيديگە، ئوندەن 30 سەرجين مقداريدا ئوتوش بىلەن بوياق تەمام بولادى. ئۇزۇنلغى 285 سەرجين.

غەرب ياغى: مەزكور يېردەن مەسجيدى كەلانگەچەكيلەدى، ئۇنڭ غەربى ياغينى ۋە مەدرەسەئى بەدەلبيكنى كيسب ئوتوب حازرگى كەپپاننڭ شەرقيدان ئوتەدى، شۇ يېردەن بر ئاز بورولوب زندانغا يابشادى. ئوزونلغى 270 سەرجين. شەھرستاننڭ بوتون ئەيلەنمەسى 1050 سەرجين يا ئېنكى 1-2 چاقرمدر.



ئسكەندەرخان مەسجدىنڭ ئچكى كورنشى. (بۇخارا)

شەھرستاننڭ ئيشكلەرى شۇنلاردر (1):

1 — دەرۋازەئى بازار.
2 — دەرۋازەئى شەھرستان.
3 — دەرۋازەئى بەنى سەعد.
4 — دەرۋازەئى بەنى ئەسەد.
5 — دەرۋازەئى گەبرىيە.
6 — دەرۋازەئى حەفس.
7 — دەرۋازەئى نەۋ.

**دەرۋازەئى بازار.** نەرشەخى بۇ دەرۋازەنى «دەرۋازەئى عەتتاران» ھەم ئاتايدى. ۋەقفيەلەردە «دەربى ئاھەنين» دېب قەيد ئيتگەنلەر. عەبدۇللاخان ئوزينڭ

1) نەرشەخى بيت 74-67.

مەدرەسەسيگە «چھارسوق ئاھنين» (حازرگى تاقى تيلپەك)نى ۋەقف ئيتكەن؛ ۋەقفيەسيگە كورە شۇل تاقنڭ شيمالى، دەربى ئاھەنين گە يتشگەن ئيكەن (1). شۇندەي بولغاندا بۇ دەرۋازەنڭ ئورنى تاقى تيلپەكنڭ شيماليدەن ئوتگەنده بازارى گۇل ۋە تاقى زەرگەرانگە باريلاديغان يوللارنڭ بريدە ۋاقيع بولغان بولسا كيرەك.

**دەرۋازەئى شەھرستان.** شەھرستانڭ شەرقيدا ۋاقيع بولغان بولسا كيرك (2) نەرشەخى، ديھقان «خينە» كاخينڭ (كوشكينڭ) حودۇدينى كورسەتشيداندا، شەھرستاننڭ شەرقيدا ۋاقيع بولغانى ئاڭلاشيلادى. ۋەقفيەلەردەن (3)، شەھرستاننڭ شەرقيدە، «دەربى ئاب» ئسميدە بر دەرۋازە بار بولغانى ئاڭلاشيلادى. حازرگى كەلاباد كوچەسيدەن، زەرگەرانگە باريلاديغان يولدا بولشينى تەخمين ئيتب بولادى.

**دەرۋازئى بەنى سەعد.** تاقى تيلپەكنڭ جەنوبيدەگى كوچەدەن توغرى بارغاندا، اوڭدەگى برنچى كوچەدەن مەنار ئا..تى ۋە مەسجيدى كەلانگەچيقيلادى؛ دەرۋازەئى بەنى سەعد شۇنده بولغان. ئەرسلانخان بننى موحەممەد ئوز سەرايىنى شونده سالدرغان (4) ھەم شونده، حازرگى تەختى مەنار يەكى بازارينڭ جەنوبى غەربى بورچەگيدە، ئەرسلانخان ئوزى ئوچۇن، كوك گومبەزلك بر مەقبەرە بنا ئيتدرگەنى (5) ۋە ئورنينڭ ۋەزعيەتى، ھەم خەلق ئاغزيدان ئېشتلگەن موتەۋاتر نەقللەر بۇ فكرنى تەقۋيە ئيتەدى.

**دەرۋازەئى بەنى ئەسەد.** شەھرستاننڭ غەربيدە ۋاقيع بولغان. (6) ئسلاميەتگەچە دەرۋازەئى

1) «ھمگى و تمامى چارسوق ئاھنين كەمشتل است برجنبزما ودكاكين متعدده كەھمه ئان بنا ازخشت پختە است و واقع است در بيرن حصار قديم بخارا دردرب ئاھنين...... شماليما پيوسته است بعضى بدرب ئاھنين كەمشهور است و بعضى بخندق مزكور...» (عەبدوللاخان ۋەقفيەسيدەن).

(2) И. И. Умняков نڭ К вопросу об исторической топографии средневековой Бухары (сборник Туркес. Восточ. Института стр. 151) ديگەن ماقالەسى.

3) نەرشەخى بيت 68.

4) نەرشەخى «وسراى خاص خودرا بەدسعد ئاباد فرمودە بنا كردنداست بيت 37.

5) مولا زادەبيت 69. مەزكور گومبەزيير ئاستيدا كومولب قالغان؛ ئونڭ ئوستيدا ۋاقيع بولغان خەۋلينڭ ئيگەسى قودۇق قازغاندا، كوك گومبەز چەقتانينى سويلەيلەر.

6) ئومنيەكوف مەقالەسى 151 بيت.

مۇەرە [1] ئاتاغانلار. خوررەمبى (حەممامى كونجەك) مەسجىدىنك قارشۇسىدا، شەھرستانگە چيقار بر كوچە بار؛ شەھرستاننك بر دەرۋازەسى شۇندە بولغانىنى ريۋايەت قيلالار.

دەرۋازەئى گەبريمە. عەرەب جەغرافييونلەرى بابولقوھوندوز ئاتاغانلار. [2] قوھوندوز (ئەسلى كونديژ، كينراق قۇھوندۇزنى قسقارتب قۇندۇزدە ئاتاغانلار) قورغان - ئەرك مەعناسيدادر. وەقفييەلەردە «دەربى ئسلام» ديب ئەركنك شەرقيدا شەھرستاننك بر دەرۋازەسينى كورسەتگەنلەر. بولاردان ئاڭلاشيلادركم: مەزكور ئيشك ئەركنك شەرقى ئيشيگى قارشوسيدا بولغانكم حازرگى تەكبەند بانان گوزەريگە چيقيلاديغان كوچەگە توغرى كيلەدى.

دەرۋازەئى حەفس. ئيمام ئەبو حەفسى كەبير (217 - 105 [3]) شۇل مەحەللەدە بولغانيدان [4] مەزكور ئسمنى ئالمشدر، ئيمام ئوبو حەفسى كەبير، ئوز زامانينك بويوك عالمى بولغانيدەن، موسۇلمانلەر، حەق بول ئزلەب ئونگە كيلەر ئيمشلەر. [5] شونك ئۇچۇن شۇل دەۋازەنى «حەق رەھە» (راھى حەق-توغرى بول) دە ئاتاغانلار. [6] شونلەرنى كوزدە توتغاندا بۇ دەرۋازە شەھرستاننك شيماليدا، چوب بازاريگە توشەديغان ئورونغا توغرى كيلەدى.

دەرۋازەئى نەو. نەرشەخى گەكورە دەرۋازەئى نەودەن، شەھرستاننك ئورتاسيغاچا، ئوندەن دەرۋازەئى عەتتارانگەچە بر مەحەللە بولوب، شەھرستاننك نورندەن برى ميقداريدا ئيكەن [7] عەرەب جوغرافيونلارى، دەرۋازەئى «نور» ئاتاشلارى، ئونك شيمالى شەرقيدا «خاجە نورئاباد» مازارى بولغانيدان وەنور ئاتاغا شۇ بولدان بارلغانيدان بولسا كېرەك. شۇلەرنى كوزدە تۇتغاندە بو دەرۋازەنك ئورنينى، شەھرستاننك شيمالى شەرقيدەن، حازرگى شاە ئەخسى مەزارۋە خانەقاسينك غەربيدەن ئزلەشگە توغرى كيلەدى.

شەھرستاننك ئەينەلمەسيدە «خەندەق» بولغان. بۇ خەندەقنك بەعزى، جايلارى عەبدۇللاخان ۋەقتيغاچا بار بولغانى ۋەقفييەلەردەن ئاڭلاشيلادى.

1) نەرشەخى «دەرجاميلت دەرمەر خواندندى» بيت 70.
2) ئومنيەكوف مەقالەسى 150.
3) موللا زادە بيت 17.
4) نەرخەشى بيت 70. 6 - 5) مەزكور كيتاب 73-70.
7) نەرشەخى بيت 68.

توركستاننى عەرەبلەر ئستيلا ئيتكەندەن كيين، بۇ ئولكەنك ساودا - سەناعەتى جودە تيزلك بيلەن تەرەققى ئيتگەن. شۇنڭ ئۇچۇن ئېسكى شەھرستانلەر، ليكەيب بارغان. [1] بازارلار، دوكانلەر شەھرستاندەن تشدا بولغان.



سۇبخانقۇلىخان مەسجىدى: (بۇخارا)

بۇخارا شەھرستانينك تەشقاريسىدا ھەمشوندای بازار جايلەر، سەودا - سەناعەت ئورۇنلارى تەشكيل تاپلغان. بۇ ئورۇنلارنى عەرەب جوغرافييونلارى رەبات (رباط) ئاتاغانلار. بۇخارالىلارنك سوراۋلەرى بوينچا 235 ھجريدە خوراسان [2] ئەميرى (محمد بن عبدالله طاھرى) يەگى شەھەر (رباط) نك ئەينەلەسيگە موستەحكەم بردىۋار بنائيتدرگەن. [3] يەگى شەھرنك ئېشكلەرى ئون بتتە بولغان. [4] قاراخانيلاردان مۇحەممەد ئبنى سۇلەيمان (525 - ھجريدە ئولگەن)، مەزكور ديۋارغا بيشك ئيكنچى بر ديۋار

1) ۋ.ۋ.بارتولد. توركستان تەئريخى فاتح كەريم تەرجومەسى بيت 24.
2) خوراسان ديب، ئيراننك حازرگى خوراسان ۋيلايەتى، مەرۋ، ھيرات ۋەبەلخ رايونلەرينى ئاتار ئيديلار. سامانيلەرگەچە خيلافەتنك خوراسان ئەميرلەرى، ماۋەرائۇننەھرگە ئوز مەئمورلەرينى قويب ئيدارە ئيتەر ئيديلەر.
3) نەرشەخى 43 - 42.
4) ئومنيەكوف ماقالاسى 152

بنا ئيتدرگەن. ئۇندەن كيين قلچ تامغاچخان 560دە شۇل ديۋارنى قايتادان سالدرغان. چنگيزخانگەچە، برنچى بنا ئيتلگەن ديۋار، تورلى ئورشلاردا نيچە دەفعە بوزولب قايتادان تەعمير ئيتيلگەندر. چنگيزخان ئورو-شيدە شەهەرگە ئوت قويوب كويدرلدى، ديۋارلارى بوزديرلدى ( 617 هجريدا ) (1) . براق 14 يل كيين چنگيزنڭ ئوغلى چيغاتاى خاننڭ ئەمرى بيلەن شەهەر ۋە ديۋارلارى قايتادان تەعمير ئيتلگەندر.(2) حازرگى بۇخارا شەهرينڭ ئورنى وەپلانى 3 نچى عەسرى هجريداغيدان جۇدە ئاز فەرقليدر.

## ئەرك.

ئەرك توغريسدا نەرشەخى مەشهور سياۋوش ۋە ئەفراسياب ئەفسانەۋى ريۋايانينى يازدى (3) براق عەرەبلەر كيلمەسدەن برئاز بورۇنلارغاچا ئەرك، بوزق بر حالدا بولوب، عەرەب ئستيلاسى ۋاقتيدا بوخار خۇددات بولغان توغشادەنڭ ئاتاسى بەندون تەرەفيدەن تەعمير ئيتيلەدى (VII عەسرى ميلاديدە). ئول ئوز ئاتينى بر تيمور تاختاغا ئويدرب ئەرك ديۋاريغا قاقب قويغان. بو تيمورتاختا نەرشەخينى عەرەبچەدەن تەرجۇمە ئيتكەن كشينڭ زەمانيغاچا (522 هجريدا) بار بولغان. ئەركنڭ ئككى ئيشگى بولغان. شەرقى ئيـ-شكنى "دەرى غۇريان"، غەربى ئيشكنى «دەۋازەئى ريگستان» كيينرەك «دەرى عەلەف فورۇشان» ئاتاغانلار. ئيككى ئيشكنڭ ئاراسى توغرى بر يول بيلەن توتاشقان. ئەمرلەر، بيك ۋە كەتتە عەمەلدارلەرنڭ مەحكەمەلەرى، خەزينە ۋە زندان شوندە بولغان، XI ۋە XII نچى عەسرى ميلاديدە ئەرك، تورلى ئورۇشۋە تالاشلاردا نيچە دەفعەلەر بوزولوب قايتادان توزانيلادى.

ئەركنڭ مەساحەئى سەتحيەسى تەقريبەن 7450 مۇرەببەع سەرجين مقداريدادر.

## ئەركدە تەئريخى بينالار.

عۇمۇميەت بيلەن بۇخارادا، ئەمر سەرايلەرى ئوردە ۋە مەحكەمەلەر، پشق خشتدان سالنماغانيدان ئەركدە بۇندايلاردان جۇدا ئيسكى بنالار يوقدر. شەيـ-بانيلەردەن بولغان ئسكەندەر خاننڭ كيچك برمەسجيدى؛ ئەشتەر خانيلەردەن سۇبحانقۇليخاننڭ (1091-1114 هجرى) مەسجيدى؛ مانغيتيلاردان رەحيم خاننڭ (1162 هجريدە ئۇلگەن) مەرمەر تەختى؛ ئابخانە، چل دۇختەران ۋەئەفسانەۋى سياۋۇش قەبرى مەشهورراق بنالاريدر.

سۇبحانقۇليخاننڭ مەسجيدينى 1917 نچى يلدە ئەمر حوكومەتى تەعمير قيلدرغان ئيدى.

ئابخانە (سۇۋ ئۇيى) - ئەرك ئيشيكيدەن كيرب يۇقاريغا چيقاياتغاندا سولدە 5 تە بولمەچە باردر، بو بولمەلەرنڭ ئارقا تامانيدان بتتەدەن كيچك توينوكـ-لەرى بار، ئيشكلەرى جۇدا كيچيك (برموربعع ئالچنچە) بولوب توتاش ياپوق بولغانيدان، جۇدا قارانغودر. بۇلارنڭ هەربريگە 5 - 10 يلغە حوكم ئيتلگەنلەرنى قامار ئيديلەر.

چل دوحتەران (قرق قز). ئەركنڭ شمالى شەرقى بۇرچەگى شول ئسم بيلەن ئاتالادى. بۇندە برمەچت، مەچتنڭ شەرقيدا سەيد ئەبدالى غازى (ئەمير جعفر تەييار بن شاه عبدالمنان بن امام خنيفه بن خليفه علام)نڭ قەبرى بار ئيمش (1). شول بورچەكدە ئەرك ديۋاريغاياپشق كيچيك بر بولمە بارئيدى (حازر بوزلگەن) بۇ بنانڭ ئاستيدا چۇقۇر برقۇدوغى بولوب، حوكومەتكە عسيان ئيتـ-گەن، كەتتە بيكلەر، ئوروغ باشلقلارينى قاماغانلار.

مانغتيلار سۇلالەسينڭ مۇئەسسيسى رەحيم خان، ئەركدە ميهمانخانە ۋەمەرمەر تەخت بنا ئيتدرگەن. تەخت

---

1) نەرشەخى 43.

2) براككا ۋۆز، كييفران قاموسى جلد 5 بيت 108.

3) ئيراننڭ كيانى سۇلالەسيدەن بولغان «كەيكاۋۇسنڭ ئوغلى سياۋۇش ئاتاسيدان ئاچچغلانب، ئامۇدەرياسەن ئوتوب ئەفراسياب حيمايەسيگە سيغينادى. ئەفراسياب ئونى ياخشى قارشى ئالب ئوز قزينى ئونگە بيرەدى. (ئوندەن كەيخرەۋ توغولادى.) سياووش ئوزينڭ ئوتورروش جايى ئوچون ئەركنى بنا ئيتديرەدى. ئەفرەسياب ئوكەسينڭ ئغواسيگە ئيكدرب سياۋۇشنى ئولديرەدى، ۋە ئەركنڭ شەرقى ئيشيكيدەن كرگەچ كومديرەدى. بوخارانڭ ئوتگە تاپينوچيلەرى (موغان) بو جاينى حورمەت ئيتەرلەر، ئونڭ قەبرينى مازارى سياۋۇش وەل-ى دبيلەر. هەريل نەۋروز كونى قۇياش چقماسدان بۇرۇن هەركشى بر خوراس سويوب كيلتيرەر ئيدى....» (نەرشەخى بيت 28)

بوخارادا هەليگەچە شوعادەت بار: هەريل نەۋروز كونيدە برخو-راس سويوب نەخوت ۋە مەيز سالب پالاۋ پشيرب قوشنيلارغا ئولاشا، يابرنيچە كشينى چاقيرب زييافەت ئيتەرلەر. بونڭ ئاتينى «قازان تولدى» دييلەر.

كەيخرەۋ، ئيراننڭ كيانى شولالەسينڭ بويوك ئمپراتورلغيدى تەشكيل ئيتكەن كشيدر. قافقاسيادا تورك خاقانى حاتون تومرەس بيلەن ئورروشوب ئەسير توشەدى وە ميلاددەن 530 يل بورون ئولدريلەدى (وەليدى. تۇرك-تاتار تەئريخى 28).

(1) توحفەتوززائيرين 100-99

ئويمەكارلىك مەرمەردەن ئىشلەنگەن بولوب ، گوزەل مەرمەر سوتونلار ئوستىدە كيچىك ئەيۋانچاسى بار.



سۇبخان قۇليخان مەسجىدىنىڭ ئىچكى كورنىشى. (بۇخارا)

ئەفسانەۋى سىياۋۇشنىڭ قەبرى، ئەركگە چىقايانغاندا چەپ تاماندا‌غى باسقىچدان چقغاندان كيين سولدا كيچىك برسوفه بار، سىياۋۇشنىڭ قەبرى شۇيەردە بولغانى

مەشھۇردۇر. مەزكۇر سوفەنىڭ ئاستىدا (باسقىچدان ئۆتكەچ ئىچى رازاقدا) ئەمير واقتىدا برنو ۋەشەمعدان بارئيدى. غ



رەحىمخاننىڭ مەرمەر تەختى. (بۇخارا)

شۇنىدە سىياۋۇشنىڭ روحيغا باغشلاب «دوعايۇ فاتيحە» ئيتەر ئيديلەر. براق ئەرشەى گە كورە سىياۋۇشنىڭ قەبرى، شەرقى ئيشك بولسا كيرەك.

(دەۋامى بار.)



# ئالتىنچى قىتئە

## ئانتراكتىدا.

سوباي.

(«فەن» جورنالىدان).

ئىسكى دونيا، يەئنى ئاۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامرىقادا ياشاغان خەلقلار بىش مىڭ يىلدەن ئارتىق بىر زەمان باشقا قىتئەلەرنى بىلمەسـدەن ئۇندىلەر. بونـدەن فەقەتگىنە تورت يۈز ئوتوز بىش يىل بۇرۇن خرىسـتافور كالومبنىڭ (1492 نچى يىلدە) ئامرىقا قىتئەسىنى ئاچىشى بىلەن، ئىنسانلارغا تورت قىتئە مەئلوم بولادى. ئۇندەن كىين (مۇندەن ئوچ يوز يىل بۇرۇن) ئاۋستراليا قىتئەسى مەئلۇم بولادى. شۇنداي قىلىب، ئەۋۋەلدە مەئلوم بولغان ئوچ قىتئە بىشگە تولادى ۋە ئىنسانلار ئۇلەرنى تيگشرىب، خەرىتە تۈزەدىلەر.

شوندەي بولسا ھەم، شمالى ۋە جەنوبى قۇتبلار ئەيلەنەسىدەگى مۇز دىڭزلەرى بىلەن ئورالغان يىر كۇرەسىنىڭ زور بىـر قسمى سرلى كۈينچە يەشرن قالادى. شمال ۋە جەنوب تامانلارىدا ياشاغان ئادەملار بالقچىلىق، ئاۋچىلىق كەسبى بىلەن يۇرۇب، شۇ جايلاردا بـىر قانچا ئىلگەرى مەئلۇم بولماي كىلگەن يەڭگى ئاتالار (جەزىرەلەر)نى تاپادىلار.

ئۇندەن كىين سەيياحلەرگە ھەم سەفەرلەرىدە برقانچا جەزىرەلەر ئوچرەيدى؛ بۇ ئىشنىڭ ئزىگە تۈشگەن عالملار-سەيياحلار مۇزلارنى ئوتب، مۇۋەففەقىيەتسىزلىكلەرگە ئوچرەسەلەردە ھارماي-چارچاماي يەنە تيگشرشلەرىدە دەۋام قىلادىلار. ۋە بۇنىڭ نەتىجەسىدە يەنە بىر تالاي «يىرلەر» مـەئلۇم بولادى ۋە تيكشرىلب، جوغرافيە خەرىتەلەرىگە چزىلا بارادى.

شۇنـداي تيگشرش نەتىجەسىدە جەنوبى مـۇز دىڭزىدە (بەحر موحىت جەنوبىدە) كەتتە برقىتئەگە ئوچرەيديلەر. بو - ئانتراكتىدادر.

جەنوبى مۇز دىڭزىنى تيگشرش ئەثرىدە روس دىڭزچىلەرىنىڭ ئەنچە خزمەتلەرى ھـەم بار، بەلـكى ئۇنى ئىڭ برنچى تيگشرۈچىلەر روسلار حسابلانادى. برنچى ئەلكسەندر پادشاھلغى ۋاقتىدا جەنوبى دىڭزلەرنى تيگشرش ئۇچۇن روسيە حۆكومەتى ئىكى كيمە يوبارادى. ئۇلار بر قانچا ئاۋارەگەرچىلكلەردەن كىين 1819 يىلدە جەنوبى مۇز دىڭزىگە كيلب يىتەدىلەر. بـر ئايلاب، بۈيۈكلىگى 60-70 سەرجىن بـولغان مۇز تاغـلارى ئاراسىدا كىزب، يـال ئيتمەك ئۈچۈن ئاۋسترالياغا جونـەيدىلەر. ئىكنچى يىلى يـەنەدەن ئىشگە كرشب، قۇيۇق تومانلار ئچىدە يورەدىلەر.

«ئانتراكتىدا»نى برنچى مەرتەبە كورگەن كشى ئىنگلىز «جېمس روسس» (Джемс Росс) در. 1840-نچى يىلـدە ئۇل مەخسوس ياسالغان «تيررور» ۋە «ئىربىوس» («ۋاھىمە» ۋە «جەھـەننەم» مـەئناسىدا) پاراخودلارى بىلەن جـەنوبى مۇز دىڭزىگە جونـەب كيتەدى. قىين ئاغـىر يوللارنى ئوتب، 1841 نچى يىلنىڭ 22-يەنۋەرىدە ئوتتۇز سەرجىن بيوكلىكدەگى مـۇز ديۋارىگە كيلب تىرەلەدىلەر، - بۇ ئانتراكتىدا قىتئەسىنىڭ ساحىلى ئىكەن. ئىنگلزلەر قانچا تىرشب

كورسەلەر ھەم مۇز دىۋارىنى ئوتۇپ، ساھىلگە ئۇششكە مۇۋەففەق بولا ئالمايدىلار. ئويان - بويانغا يۈرۈپ كورسەلەر ھەم كەتتە ئولكەگە چىقىشقا يول تاپا ئالمايدىلار. شۇندەي قىلىپ يورۇپ - يورۇپ سۇۋنىڭ يانىداغى بىر جەزىرەگە يولىقادىلار. بۇ جەزىرەدە ئىككى يانار تاغ بولۇپ، بىرى ئوزىنىڭ ئىچىدەن ئاق تۇتۇن چىقارىپ، ھەرەكەت قىلار ئىكەن. ئولەرگە «تېررور» ۋە «ئېرېبوس» ئىسىملەرى بېرەدىلەر.

جېمس روسسنىڭ بۇ سەفەرى قانچا مۇۋەففەقىيەتلى بولسە ھەم، ئەمما ئانتراكتىدا قىتعەسىگە چىقا ئالماسدان قالادى. ئوزاق ۋاقتقاچا بۇندەى سەياھەتنى قايتادان قىلىپ كورشگە ھېچ كىم باتىرچىلىق قىلا ئالمايدى.



ئانتراكتىدا قاشىدا «تېررور» ۋە «ئېرېبوس» كەرابلەرى.

فەقەت بۇندەن 33 يىل بۇرون، 1894 نچى يىلدە نورۋيگىيەلىك «بارخگرېۋىنىك» (Борхгревинк) ئىسىملى ياش بىر عالىم شۇ سەفەرگە چىقىپ، قىدىرىپ يورۇپ-يورۇپ ئانتراكتىدانىڭ مۇزلەردەن بوشالغان، پەست بىر جايىنى تاپىپ، بىرىنچى مەرتەبە ئانتراكتىداغا ئاياق باسادى. كېلگۇسى يىلنىڭ قىشىنى شۇندە ئوتكەزىش ئۇچۈن ئوزىنىڭ توققوز نەفەر ئورتاغى بىلەن قالىپ، يەڭگى قىتعەنىڭ تەبىعەتىنى ۋە ئىقلىمىنى ئوگرەنەدى.

«بارخگرېۋىنىك»دەن كېيىن بۇ قىتعە بىلەن تانىشىش يولىدا مەشھور سەياھلاردان «ئىسكوتت»، «ئاموندسېن» ۋە «شېكلتون»لەرنىڭ خزمەتلەرى ھەم كوبلەر. بۇلەرنىڭ «ئاموندسېن» (نورۋېگىيەلىك) دېگەنى 1911-يىلنىڭ 16-دېكەبرىدە جەنوبى قۇتبىگە ھەم بارىپ يەتەدى. (قۇتب نوقتەسى دېگىز سەتحىدەن 3،200 مېتر بەلەندلىكتە).

جەنوبى قىتعە ياخود ئانتراكتىدا نيۇەرەك، ئاۋسترالىيا قىتعەسىگە ئوخشايدى. چامالاپ حسابلاغاندا ئوزىنىڭ مەيدانى ئاللى يارىم ملىيون مۇرەببەع كىلومېتر، يەعنى ئاۋسترالىيادان بىر ئاز كىچىك بولور. يېرىنىڭ يۈزى 50-70 مېتر قالىنلىقدا مۇز بىلەن ياپىلغان. ئوستىدە ئىككى مېتر بۈيۈكلىكدە تاغ بوللارى، چۆزۈلەدى. ئايرىم 5-6 مىڭ مېترگەچە كوتەرلگەن تاغلار بار. قىتعەنىڭ ئوستىنى قاپلاپ كېلگەن مۇزلارنى ساھىلدەن سۇۋ يۇۋۇپ، كاتتە - كاتتە مۇز تاغلارى ئاقىزىپ كېتەدى.

ھەۋاسى قاتتىق ساۋۇق، قىشدا ساۋۇق 50 دەرەجەگە يانىن بولادى. ئىقلىمىنىڭ يەنە بىرخۇسوسىيەتى بولسە، ئول ھەم كەتتە يامغور ۋە قار بورانلارىنى كېلترەدىگەن دەھشەتلى شامالللاردر. ھەۋاسىنىڭ قاتتىقلىغى ئارقاسىدا ئوندا نەباتەت ئوسە ئالمايدى، يالغز بىر ئازگىنە ۋاقتقا گولسىز ئوسەدىگەن كوكلەمگىنە بولىپ ئوتەدى. جانلىلاردان ئوزى - ئوچمەى، قاناتلارى فەقەت سۇۋدا يۈرشگە يارارلق بولغان ۋە ساۋۇق ياقلاردا ياشايدىغان «پىنگۋين» قوشلارى بار. كېمە ۋە ئادەم تورغان جايگە كېلىپ تاماشا قىلار ۋە موسىقانى ھەۋەسى بىلەن تىڭلار ئىكەنلەر. يازدا ئامرىقادان بالق تۇتۇن باشقا قۇشلار ھەم مۇۋەققەت كېلىپ تورۇپ كېتەدىلەر. ئانتراكتىدا يانىداغى سۇۋلاردا كىت، (بالىنا) دېلفىن، تولىنلەر ياشايدىلەر. بو قىتعە بالقچىلق ۋە سو ھەيۋانلارى تۇتش كەسبى بىلەن يورگەنلەرنىڭ دىققەتىنى ئوزىگە جەلب قىلماقدا.

بۇ قىتعە ھازردەگىدەك دائىمەن مۇز بىلەن قاپلانغان بولىپ تورماغان ئىكەن، بىرنىچە مىڭ يىللەر ئىلگەرى ئوندە جودە كەتتە ۋە زىچ ئورمانلار بولغان؛ بۇ ئەحۋالنى ئانتراكتىدادا بولغان باي كومر قاتلامىداغى ئوسىملىكلەرنىڭ قالدىقلارى كورسەتەدىلەر. ھازردە ئاز تىكشرلگەن ئانتراكتىداغى بۇ باي كومر كېلگوسىدەگى ئىختىياج ئوچون ئىحتىيات بولىپ تورادى.

ئانتراكتىدانىڭ ھازردە ئوتكەزىپ تورغان مۇز دەۋرى بۈتۈن دۇنيا عالىملەرىنىڭ دىققەتىنى ئوزىگە تارتماقدا؛ مۇز دەۋرىنى ئاۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامرىقا قىتعەلەرى ئوز ۋاقتىدا ئوتكەزگەنلەر. ئانتراكتىدا قىتعەسى ھازرگى كوندە مۇز دەۋرىنىڭ جانلى بىر گۇۋاھىدر.



رادیو ئەنتیناڭلەرى

# رادیئونی کم ئویلاب چیقارغان.

ز. ب

کیینگی واقتدا، رادیئودەن فایدالانش وە رادیئو ئاپاراتی ئارقالی دونیانڭ هەر خیل خەبەرلەرینی ئیشیتب، بیلب تۇرش مەسئەلەسی کبك سورەتدە مەیدانغاتاشلاندی. رادیئونڭ نیمە ئیکەنلیگی وە ئونداق قاندای فایدالانش یوللاری توغریسیدا مەنبوعاتدە ئاچق مەعلومات بیریلب تورماقدادر. شوسەبەبلی، مەن بوندا ئونڭ ئوزی توغریسیدا کوب یازماسدان، ئونی کمنڭ ئویلاب چیقاریشی وە قاندای یولغا قویلشی توغریسیداغینا یازماقچیمەن.

رادیئونی باشلاب ئویلاب چیقارغان. ئادام، بزنڭ شورا جومهوریەتلەری ئتتیفاقیدا بولغان ئورال شەهەرینڭ باگاسلاۋ زاۋوتیدا توغلغان ئالیکساندر پاپوف دیگەن بر روس عالیمیدر. ئالیکساندر پاپوف خریستییان روحانیسی (پوپی) عائیلەسیدە 1859 نچی یلدا دۇنیاغا کیلگەن. ئول یتی یاشیدە ۋاقتدا ئورتا مەکتەبکە (گیمنازییەگە) ئوقشغا کبرب، ئوندا ئوزینڭ هونەرچیلك تیخنیکە ئشلەریگە بولغان ئستیعدادی ۋە هەوەسکارلیگی بیلەن جودە تیز تانلغان چونکی ئول، مەکتەبکە کرمەس بۇرن، ئوزی بیلەن کوچەدە ئویناب یورغان بالالار ئاراسیدا هەم بیکار ئوینلارغا کوب بیرلمەسدەن، کیچك ماشینەلەر یاساب یۇرە تورغان بولغان. شونڭ ئۇچۇن ئونگە، بالالار «ماهر» (ماستر) نامینی بیرگەنلەر.

گیمنازیەدە ئوزینڭ ئستیعدادی بلەن یاخشی تانلغان ئالیکساندر، ئورتا دەرەجە بیلیمینی پیرمشەهەریدە ئالغاندان کیین، لینینگرادعالی مەکتەبیگە (ئونیۋیرستیتیگە) کرەدر. ئونی تەمام قیلغاندان کیین، ئول، شو عالی مەکتەبدە تەجریبەچی بولب قالادر ۋە کوب ئوتمەسدن شول مەکتەبنڭ مودەررسلەری ئورتاسیدان جای ئالادر. ئول عالی مەکتەبدە بر نیچە یللار دەرس بیرگەندەن کیین «پرافیسورلق» دەرەجەسینی ئالب، لینینگرادشەهەریدەگی ئیلیکترا ـ تیخنیچسکی ئینستیتوتدە (عالی مەکتەبگە) مودیرلککە تەعیین قیلینادر.

